# 148813 ـ سۈت پاراشوكى بىلەن ئۇزۇقلاندۇرۇلغان بوۋاقنىڭ كىچىك تەرىتىنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

**سۇئال**

ئىككى يىل ئىچىدە سۈتنى سۈت بىلەن غىزالانغان بوۋاق سۈتتىن ئايرىلغان ھېسابلىنامدۇ؟، بۇنىڭ بىلەن ئۇ بوۋاقنىڭ سۇيدىكىنىڭ نىجاسەتلىك ھۆكمى ئۆزگىرەمدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

ئاللاھ تائالاغا ھەمدىلەر بولسۇن، "ئىككى يىل ئىچىدە ئانا سۈتىدىن باشقا سۈتلەر بىلەن غىزالانغان بوۋاقنىڭ سۈيدۈكىنىڭ ھۆكمىگە كەلسەك، بۇ قاراپ چىقىشقا تىگىشلىك بىر مەسىلە، ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر، سۆزنىڭ ئەڭ يېقىنراقى، ئۇ بوۋاق ئانىسىنى ئەمگەن بوۋاققا ئوخشايدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۇ بوۋاق يېمەكلىك بىلەن غىزالاندى دېيىلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ، ئانا سۈتىنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان سۈت بىلەن غىزالاندى، ئەڭ توغرىسى، ئۇ بوۋاقنىڭ سۈيدىكىگىمۇ خۇددى ئانا سۈتى بىلەن غىزالىنىپ باشقا يىمەكلىك يېگەن ئوغۇل بوۋاقنىڭ سۈيدىكىگە سۇ سېپىۋەتكەندەك سۇ سېپىۋېتىلىدۇ. يۇقىرىدىكى ھۆكۈم بۇ مەسىلىدىكى سۆزلەرنىڭ ئەڭ ئېنىق ۋە توغرا بولغىنىدۇر.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر".